8 ـ قىسىم

# قىيامەت، جەننەت، دوزاق

# قىيامەت، جەننەت ۋە دوزاق

## ئىسلام دىنىدىكى تەلىملەر

### قىيامەت توغرىسىدا

● زامان ئاخىرىنىڭ ئالامەتلىرى ، تىرىلىش، سوراق قىلىنىش قاتارلىق جەھەتلەردە ئىسلام دىنى بىلەن مەسىھ ئېتىقاتى ئوخشىشىپ قالىدۇ، ئەمما پۈتۈنلەي ئوخشاشمۇ ئەمەس.

● قۇرئاندا قىيامەت توغرىسىدىكى بىشارەتلەر ئىنجىلدىكىدەك ئېنىق ۋە تەپسىلى ئەمەس.

● بۇخارى ھەدىسلىرى 1:3:81 گە ئاساسلانغاندا، قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇنقى ئالامەتلەر مۇنۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:

○ دىنى بىلىم ئازىيىدۇ.

○ دىنى جەھەتتىكى ئەقىلسىزلىق جاھاننى قاپلايدۇ.

○ ئۇچۇق-ئاشكار ئېلىپ بېرىلغان قانۇنسىز جىنسى مۇناسىۋەتلەر كۆپىيىپ كېتىدۇ.

○ ئەر، ئاياللارنىڭ نىسبىتى چوڭ پەرقلىنىدۇ، ھەتتا بىردە ئەللىك نىسبەتكە يېتىدۇ.

● بەزى مۇسۇلمانلار قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇن مۇسۇلمانلار پۈتۈن دۇنيانى سورايدۇ، پۈتۈن دۇنيادا شەرىئەت (ئىسلام قانۇنى) يولغا قويۇلىدۇ دەپ ئىشىنىدۇ.

● شىئە مەزھەپىدىكىلەر مۇنداق دەپ قارايدۇ: قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇن دەججال (ئاللانىڭ دۈشمىنى) ئادەم سىياقىدا يەر يۈزىگە كېلىدۇ. ئۇ مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلىپ زۇلۇم سالىدۇ، ئاندىن مەھدى (قۇتقۇزغۇچى) ئاسماندىن چۈشۈپ دەججال ۋە ئۇنىڭ قوشۇنىنى مەغلۇپ قىلىدۇ، پۈتۈن دۇنيادىكى چوشقىلارنى ئۆلتۈرىدۇ، كىرستلارنى بۇزىۋېتىدۇ، مەسىھلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزىدۇ، بارلىق چىركاۋ ۋە يەھۇدى ئىبادەتخانىلىرىنى گۇمران قىلىدۇ، ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى قىرىپ تاشلايدۇ. (بەزى مەزھەپلەرنىڭ رەھپەرلىرى ھەتتا ئۆزىنى مەھدى دەپمۇ ئاتىۋالغان)

● ئەيسا پەيغەمبەر قىيامەتتىكى تىرىلىش كۈنىنىڭ بىشارىتىدۇر. (قۇرئان 43؛61)

● ئىسلام دىنى قىيامەتتە بۇرغا چېلىنغان كۈنى مۇنداق بولىدۇ دەپ قارايدۇ:

○ بۇرغا چېلىنغان كۈنى ئاللا ھۆكۈمران بولىدۇ. (قۇرئان 6:73)

○ بۇرغا چېلىنغان ۋاقىت مۇشەققەتلىك بىر كۈن بولىدۇ. (قۇرئان 74:8،9)

○ بۇرغا چېلىنغان ھامان، ئاللا ئادەملەرنى بىر يەرگە يىغىدۇ (قۇرئان 18:99)، ئادەملەر توپ-توپى بىلەن كېلىدۇ (قۇرئان 78:18)، ئاللا كۆك كۆزلۈك گۇناھكارلارنى بىر يەرگە يىغىدۇ (قۇرئان 20:102).

○ ئۇ كۈنى ئادەملەر خۇددى تارىلىپ كەتكەن پەرۋانىلاردەك، تاغلار گويا ئېتىلغان يۇڭدەك بولۇپ كېتىدۇ. (قۇرئان 101:4،5)

○ ئاسمان يېرىلغاندا، يۇلتۇزلار تۆكۈلگەندە، دېڭىزلار ئۆركەشلىگەندە، قەبرىلەر ئېچىلغاندا، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىلگىرى-كېيىنكى ئىشلىرىنى بىلىشىدۇ. (قۇرئان 82:1-5)

● ئىسلام دىنى قىيامەتتىكى تىرىلىش كۈنى ۋە سوراق كۈنىدە مۇنداق بولىدۇ دەپ قارايدۇ:

○ ئاللانىڭ جازاسىدىن كەلگەن بالايى-ئاپەت مۇشرىكلارغا چۈشىدۇ، ياكى تىرىلىش كۈنىدە تۇساتتىن ئۇلارنىڭ بېشىغا چۈشىدۇ. (قۇرئان 12:107)

○ ئۇ كۈنى زور ئىشلارنىڭ يۈز بېرىدىغانلىقىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. (قۇرئان 56:12)

○ ئۇ كۈنى ئاسمان ئاجىزلىقىدىن يېرىلىپ كېتىدۇ، پەرىشتىلەر ئاسماننىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىدە تۇرىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۈستىدە 8 پەرىشتە ئاللانىڭ تەختىنى كۆتىرىپ تۇرىدۇ. ئۇ كۈنى ئادەملەر تەكشۈرۈلۈپ سوراق قىلىنىدۇ، ئۇلار ھېچقانداق ئىشنى يوشۇرالمايدۇ. (قۇرئان 69:16-18)

○ ئاللا ھەر بىر ئادەمنىڭ گۇناھى خاتىرلەنگەن كىتابنى چىقىرىدۇ. ئۇنىڭدا ئادەملەرنىڭ بارلىق گۇناھلىرى خاتىرلەنگەن بولىدۇ. (قۇرئان 17:14، 18:49)

○ ئاللا ئادالەت تارازىسىنى ئورنىتىدۇ. (قۇرئان 21:47، 42:17)
(تارازا توغرىلىق بۇ ھېكايە ئەسلى مىسىردىكى Testament of Abraham دىن كېلىپ چىققان. «Texts and Studies» 2-پارە 2-باب ۋە «The Book of the Dead» 3-باب)

○ تەختنى تېرەپ تۇرغانلار ۋە ئەتراپتىكىلەر ئاللانى مەدھىيىلەيدۇ، ھەمدە ئۇنىڭ مۇسۇلمانلارنىڭ گۇناھىدىن كەچىشىنى تىلەيدۇ. (قۇرئان 40:7)

○ ئاللانىڭ رۇخسىتىگە ئېرىشكۈچى ۋە ئۇنى خۇرسەن قىلغۇچىدىن باشقا، ھەرقانداق ئادەمنىڭ مۇراجەتلىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ (قۇرئان 19:87، 20:109

، 53:26)؛ ھېچكىم ھېچكىمگە ياردەم قىلالمايدۇ، ھەرقانداق ئادەمنىڭ يالۋۇرۇشلىرى ۋە گۇناھلىرىغا تۆلىمەكچى بولغان بەدەللىرى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇلار ھېچقانداق ياردەمگە ئېرىشەلمەيدۇ (قۇرئان 2:48)؛ سودىلىشىش بولمايدۇ، دوستلۇق بولمايدۇ، يالۋۇرۇپ يىلىنىشقا روخسەت قىلىنمايدۇ (قۇرئان 2:254)

○ بەزى مۇسۇلمانلار مۇھەممەتنى قىيامەت كۈنى ئاللادىن مۇسۇلمانلار ئۈچۈن مۇراجەت قىلغۇچى شۇ دەپ قارايدۇ، لېكىن قۇرئاندا بۇنداق خاتىرە يوق. ئەمما ئىنجىلدا ئەيسا مەسىھنىڭ ئاسمانغا كۆتۈرىلگەنلىكى، ھېلىھەم خۇدانىڭ يېنىدا ھايات تۇرغانلىقى، ھەمدە خۇدانىڭ ئالدىغان كەلگەنلەر ئۈچۈن مۇراجەت قىلىدىغانلىقى خاتىرلەنگەن. شۇڭا ئەيسا مەسىھ ھەققى «مۇراجەت قىلغۇچى» دۇر. (ئىبرانىلار 7:25)

● ئاللانىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشمىغانلار (قۇرئان 13:18،21)، ئاللاغا ئىبادەت قىلىش بىلەن بىرگە يەنە باشقا ئىلاھلارغىمۇ چوقۇنغانلار، قىيامەتتە ئاللانىڭ ئالدىدا ھىساپ بېرىدۇ (قۇرئان 23:117). خاتا يولدا ماڭغانلار ۋە ئۇلارنىڭ ھەمرالىرى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ چوقۇنغان نەرسىلىرى، قىيامەتتە سوراققا تارتىلىدۇ. (قۇرئان 37:22)

● گۇناھى ۋە ساۋاپلىق ئىشلىرى خاتىرلەنگەن كىتاپلار ئادەملەرنىڭ ئۆز ياكى سول قولىغا تاپشۇرىلىدۇ.

○ ساۋاپلىق ئىشلىرى (تارازىدا) ئېغىر توختىغانلار غەلىبە قىلىدۇ (قۇرئان 7:8 ، 23:102)؛ كىتابى ئۇڭ قولىغا بېرىلگەنلەر جەننەتكە كىرىدۇ، چۈنكى ئۇلار ساۋاپلىق ئىشلارنى كۆپ قىلغانلاردۇر (قۇرئان 24-69:19 ، 9-84:7)؛ ئۇلار راھەتلىك تۇرمۇشتا قانائەتكە ئېرىشىدۇ (قۇرئان 101:6،7).

○ ساۋاپلىق ئىشلىرى يېنىك كەپقالغانلار ئۆزىگە زىيان سالغۇچىلاردۇر، چۈنكى ئۇلار ھايات ۋاقتىدا ئاللانىڭ بىشارىتىگە ئىشەنمەيدۇ (قۇرئان 7:9 ، 23:103)؛ ئۇلارنىڭ كىتابى كەينى تەرەپتىن سول قولىغا بېرىلىدۇ، ھەمدە دوزاققا تاشلىنىدۇ (قۇرئان 35-69:25 ، 12-84:10 )؛ ئۇلارنىڭ بارىدىغان جايى تىگى يوق ھاڭدۇر (قۇرئان 101:8،9)

**جەننەت توغرىسىدا**

## جەننەتكە كىرەلەيدىغانلار:

● ئەڭ ئاۋال ئىسلامغا كىرىپ ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلغۇچىلار ھەممىدىن بۇرۇن

جەننەتكە كىرىدۇ. (قۇرئان 56:10)

● ئۆزىنىڭ مال-مۈلكى ۋە ھاياتى بىلەن ئاللا ئۈچۈن جىھاد قىلغانلار، ئىسلام ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغان مۇسۇلمانلار. (قۇرئان 3:157،158،159،170،195 ، 9:20،21،88،89،111 ، 47:4،6 ، 61:10-12 )

● ھەممىدىن بۇرۇن ئىسلامنى قوبۇل قىلغان مۇھاجىرونلار (مەدىنىگە كۆچۈپ كەلگەن مەككىلىكلەر) ۋە ئەنسارلار (ئىسلامغا كىرگەن مەدىنىلىكلەر) ھەمدە كېيىن ئۇلارغا ئەگىشىپ ئىسلامغا كىرگەنلەر. (قۇرئان 9:100)

● مۇساپىرلار، يۇرتىدىن قوغلانغانلار، ئىسلام ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلار، جەڭگە قاتناشقانلار، شېھىت بولغانلار. (قۇرئان 3:195)

● ئىمان ئېيتقان ۋە ساۋاپلىق ئىشلارنى قىلغانلار. (قۇرئان 3:195 ، 4:124 ، 9:72 ، 10:26 ، 29:58 ، 40:7،8،40 ، 43:60-73 ، 48:5 ، 51:15،16 )

● مەيلى باي ۋاقتىدا ياكى نامرات ۋاقتىدا بولسۇن خەيرى-ساخاۋەت قىلىدىغانلار، غەزىپىنى بېسىپ باشقىلارنى كەچۈرۈۋېتىدىغانلار. ئاللا مانا مۇشۇنداق ئادەملەرنى ياقتۇرىدۇ. ئۇلار نومۇسلۇق ئىشلارنى ۋە ئۆزىگە زىيانلىق قىلمىشلارنى قىلىپ سالغاندا، ئاللاغا سېغىنىپ گۇناھىنى تىلەيدۇ. ئاللا ئۇلارنى كەچۈرۈپ جەننەتتىن ئورۇن بېرىدۇ. (قۇرئان 135-3:134 )

● ئاللانى خۇرسەن قىلىش ئۈچۈن سەۋر-تاقەتلىك بولغانلار، ناماز پەرزىنى ئادا قىلغانلار، يوشۇرۇن ياكى ئاشكارا زاكات بەرگەنلەر، يامانلىققا ياخشىلىق بىلەن جاۋاپ قايتۇرغانلار، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئەجدادى، ئايالى ۋە ئەۋلادلىرى ئىچىدىكى ياخشى ئادەملەر جەننەتكە كىرىدۇ. (قۇرئان 13:22،23)

● «رەببىمىز ئاللادۇر» دىگەنلەر، ھەمدە ئىسلامدا چىڭ تۇرغانلار. (قۇرئان 46:13،14)

● ئاللاغا ۋە مۇھەممەتكە بويسۇنغانلار. (قۇرئان 48:17)

● دائىم ناماز ئوقۇيدىغان، مال-مۈلكىدىن مۇقىم نىسبەتنى تىلەمچى ۋە كەمبەغەللەرگە بېرىدىغان، قىيامەتكە ئىشىنىدىغان، ئاللانىڭ جازاسىدىن قورقىدىغان، ئىپپەت-نومۇسنى ساقلايدىغان (ئۆزىنىڭ ئايالى ۋە قۇللىرىدىن باشقىلارغا چېقىلمايدىغان)، ئۆزىگە قىلىنغان ئامانەت ۋە ئەھدىگە خىيانەت قىلمايدىغان، ئادىل گۇۋاھلىق بېرىدىغان، نامازنى ئادا قىلىدىغانلار. (قۇرئان 70:22-35)

● سەممى ئادەملەر (قۇرئان 5:119)

• ئاللاغا ۋە قيامەتكە ئىشىنىدىغانلار (قۇرئان 58:22)

**جەننەتكە كىرەلمەيدىغانلار:**

• ئاللاغا شېرىك كەلتۈرگىچىلەر (قۇرئان 5:72)

• ئاللانىڭ ۋەھيلىرىنى (قۇرئان ئايەتلىرىنى) ئىنكار قىلغان ۋە كەمستكەنلەر (قۇرئان 7:40)

**جەننەتنىڭ تەسۋىرى:**

• جەننەتنىڭ كەڭلىكى ئاسمان-زېمىن بىلەن ئوخشاش كەڭلىكتە. (قۇرئان 3:133 ، 57:21)

• جەننەت جاھاننىڭ چېتىدىكى بىر خورما دەرىخىنىڭ يېنىدا. (قۇرئان 53:15)

• جەننەتنى پەرىشتە باشقۇرىدۇ (قۇرئان 39:73)؛ تەختنىڭ ئەتراپىدا تۇرغان پەرىشتىلەر ئاللانى مەدھىيىلەيدۇ (قۇرئان 39:75).

• جەننەتكە كىرگەنلەر «ئى ئاللا، سېنى مەدھىيىلەيمىز» دەپ دۇئا قىلىدۇ، «ئەسسالام» دەپ سالاملىشىدۇ، «جىمى ھەمدۇسانا ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئاللاغا خاستۇر» دەپ دۇئانى ئاخىرلاشتۇرىدۇ (قۇرئان 10:10)؛ جەننەتكە كىرگەنلەر يەنە مۇنداق دېيىشىدۇ: «بارلىق مەدھىيىلەر ئاللاغا خاستۇر، ئۇ بىزگە قىلغان ۋەدىسىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، بىزنى بۇ يەرگە مىراسخور قىلدى، ئەمدى جەننەتتە خالىغانچە ئولتۇراقلىشىمىز. ياخشىلىق قىلغۇچىلارغا بېرىلگەن مۇكاپات نەقەدەر گۈزەل ھە!» (قۇرئان 39:74)

• جەننەتكە كىرگەنلەر قۇرۇق پاراڭلارنى، يامان سۆز ۋە يالغان گەپلەرنى ئاڭلىيالمايدۇ، پەقەت تىنچ-ئامانلىق تىلىگەن سۆزلەرنىلا ئاڭلايدۇ. (قۇرئان 19:62 ، 56:25 ، 78:35 ، 88:11)

• ئۇلار جەننەتتە مەڭگۈلۈك ئىلتىپاتتىن بەھرىمەن بولۇپ، ئۇ يەردە مەڭگۈ ياشايدۇ (قۇرئان 9:21،22)؛ ئۇلاردا قورقۇنچ ۋە غەم-ئەندىشە بولمايدۇ (قۇرئان 7:49)؛ ئاللا ئۇلارنىڭ قەلبىدىكى ئۆچمەنلىكنى تازىلىۋېتىدۇ، ئۇلار قېرىنداش بولۇپ ئۆتىدۇ، ئىگىز كارۋاتلاردا بىر-بىرسىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ، ئۇلار ئۇ يەردە ھارغىنلىق ۋە جاپا ھېس قىلمايدۇ، مەڭگۈ قوغلىۋېتىلمەيدۇ. (قۇرئان 15:47،48 ، 35:34،35)

• جەننەتتە جىسمانى ۋە ماددى جەھەتتىكى ھوزۇر-ھالاۋەت كۆپرەك تىلغا ئېلىنىدۇ. مەسىلەن، ئاستىدا سۇلار ئېقىپ تۇرغان باغلاردا، يەيدىغان ھەرخىل مېۋە-چىۋىلەر بار (قۇرئان 2:25)؛ ھۆرپەرى قىزلار ھەمرا بولىدۇ (3:15)؛ ئۇلار بىلەن سالقىن سايە

جايلاردا بىرگە تۇرىدۇ (4:57)؛ ئولتۇرىدىغان چىرايلىق ئۆيلەر بار (9:72)؛ تۈگىمەس مېۋە-چېۋە ۋە سايىدايدىغان جايلار بار (13:35)؛ ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى تاقايدۇ، يېشىل رەڭلىك كىمخاپ تونلارنى كىيىدۇ، كارۋاتلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ (18:31)؛ مەرۋايىت بىلەن بېزەلگەن ئالتۇن بىلەيزۈكلەرنى تاقايدۇ، يىپەك كىيىملەرنى كىيىدۇ (22:23)؛ باغچا ۋە ئوردا-سارايلارغا ئېرىشىدۇ (25:10)؛ ئالتۇن بىلەيزۈك تاقايدۇ، مەرۋايىت بېزەكلەر ۋە يىپەك كىيىملەرنى كىيىدۇ (35:33)؛ جەننەتتىكى جۈپتىلىرى بىلەن دەرەخنىڭ سايىسىدا كارۋاتتا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، مېۋە-چېۋىلەر ۋە ھەرخىل نېمەتلەردىن يەيدۇ (36:56، 57)؛ كارۋاتتا بىر-بىرسىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ، شاراپ توشقۇزۇلغان قەدەھلەر ئۇلارغا نۆۋەت بىلەن سۇنۇلىدۇ، بۇ شاراپلار ئاق رەڭدە بولۇپ، ئىچسە مەس بولمايدۇ، ئۇلارنىڭ يېنىدا خۇما كۆزلۈك گۈزەل قىزلار ھەمرا بولىدۇ (37:40ـ50)؛ كارۋاتلارغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ، باغلاردىكى كۈتكۈچىلەر ئۇلارغا ھەرخىل مېۋە-چېۋە بىلەن ئىچىملىكلەرنى توشۇيدۇ، تەڭ دېمەتلىك گۈزەل قىزلار ئۇلارغا ھەمرا بولىدۇ (38:50ـ53)؛ بىنا ئۆيلەردە ئولتۇرىدۇ (39:20)؛ نېمىنى ياخشى كۆرسە شۇنىڭدىن ھوزۇرلىنىدۇ، نېمىنى تىلىسە شۇنىڭغا ئېرىشىدۇ (41:31)؛ ئاياللىرىنى ئېلىپ جەننەتكە كىرىدۇ، ئۇ يەردە ئالتۇن لېگەن ۋە قەدەھلەردە يېمەك-ئىچمەك سۇنۇلىدۇ (43:71)؛ بۇلاقلارنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدۇ، ئۇلارغا تىرىسى ئاپئاق، كۆزلىرى چوڭ، گۈزەل قىزلار ھەمرا قىلىپ بېرىلىدۇ (44:51ـ55)؛ چىرىماس سۇ، تەملىك سۈت، ئېسىل شاراپ، ساپ ھەسەللەر بار (47:15)؛ خالىغانچە يەپ-ئىچىدۇ، قاتار-قاتار تىزىلغان كارۋاتلاردا گۈزەل قىزلار ھەمرا بولىدۇ، ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان مېۋە بىلەن گۆشلەردىن يەيدۇ، بىر-بىرسىگە ھاراق قەدەھلىرىنى تۇتىشىدۇ، بۇنى ئىچسە گۇناھ ئۆتكۈزمەيدۇ، چىرايلىق ئوغۇل چاكارلار نۆۋەتلىشىپ ئۇلارنى كۈتىدۇ (52:19ـ24)؛ (جەننەتتە) ئىككى باغ بار، ئۇ باغلاردا ھەرخىل مېۋىلىك دەرەخلەر ئۆسىدۇ، ھەر بىر مېۋىنىڭ ئىككى خىل سورتى بار، ئېقىپ تۇرغان ئىككى بۇلاق بار. ئۇلار ئۇ يەردىكى تاۋار-دۇردۇنلۇق كارۋاتتا ياتىدۇ، قولىنى سوزسىلا مېۋىلەرنى ئۈزەلەيدۇ، خۇما كۆزلۈك گۈزەل قىزلار ئۇلارغا ھەمرا بولىدۇ، بۇ قىزلارغا بۇرۇن ئادىمىزات ياكى جىنلارمۇ چېقىلىپ باقمىغان (تېخى قىز ھالەتتە دېمەكچى)، ئۇلار قىزىل ياقۇت ۋە مەرۋايىتتەك گۈزەل قىزلاردۇر. ئۇ ئىككى باغدىن باشقا يەنە ئىككى باغچا بار، ئۇلار بۈكباراقسان ۋە ياپيېشىلدۇر، ئۇ يەردە ئىككى فونتان بار، يەنە خورما، ئانار ۋە باشقا ھەرخىل مېۋە-چېۋىلەر بار، ئۇ ئىككى باغچىدا تېخىمۇ كۆپ چىرايلىق ھۆرپەرى قىزلار بار، ئۇلارنىڭ تېرىسى ئاپئاق، راۋاقلاردا تۇرىدۇ، ئۇلارغىمۇ ئىلگىرى ھېچقانداق ئادىمىزات ياكى جىنلار تېگىپ باقمىغان (قىز ھالەتتە دېمەكچى)، ئۇلار يېشىل پالاز ۋە ئېسىل گىلەملەرنىڭ ئۈستىدە ياتىدۇ (55:45ـ76)؛ ئۇلار ئالتۇن-جاۋاھىرات بىلەن بېزەلگەن كارۋاتلاردا بىر-بىرسىگە قارىشىپ ئولتۇرىدۇ، مەڭگۈ قېرىمايدىغان بالا

چاكارلار ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا نۆۋەتلىشىپ مۇلازىمەت قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ قولىدا شاراپ تولدۇرۇلغان چەينەك ۋە قەدەھلەر بار، بۇ شاراپنى ئىچكەن ئادەمنىڭ بېشى ئاغرىمايدۇ، مەس بولمايدۇ. ئۇلار ئۆزلىرى خالاپ تاللىغان مېۋە بىلەن قۇشلارنىڭ گۆشلىرىنى يەيدۇ. ئاقپىشماق خۇما كۆزلۈك قىزلار ئۇلارغا ھەمرا بولىدۇ، بۇ قىزلار خۇددى مەرۋايىتتا ئوخشاي چىرايلىقتۇر. ئۇلار خورما ۋە بانانلاردىن، سالقىن سايە جايلاردىن، شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان سۇ بويىدىن، ھەرخىل مېۋە-چېۋىلەردىن ھوزۇرلىنىدۇ، بۇ مېۋە-چېۋىلەر تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە بار، خالىغانچە ئۈزۈپ يېگىلى بولىدۇ. يەنە ئېگىز كۆتىرىلگەن كارۋاتلار بار. ئاللا ھەر قېتىم ئۇ قىزلارنى قايتىدىن ياشارتىپ، قىز ھالىتىگە ئەكەپ بېرىدۇ، ئۇلار پەقەت ئۆز ئېرىنىلا ياخشى كۆرىدۇ، يېشىمۇ تەڭتۇش بولىدۇ (38-13 :56)؛ جەننەتتە «كافۇر» دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئىشلەنگەن بىر خىل ئىچىملىك بار، ئۇ بۇلاقتىن توختىماي سۇ چىقىپ تۇرىدۇ (76:5)؛ ئۇلارغا يىپەك كىيىملەر بېرىلىدۇ، باغنىڭ ئىچىدە كارۋاتتا يۆلىنىپ ياتىدۇ، پىژغىرىم ئىسسىق ياكى قەھرىتان سوغۇقنى ھىس قىلمايدۇ، باغنىڭ سايىسى ئۇلارنى توسۇپ تۇرىدۇ، مېۋىلەر ساڭگىلاپ تۇرىدۇ، كۆمۈش لىگەن ۋە ئەينەكتەك پارقىراق كۈمۈش ئىستاكانلار سۇنۇلۇپ تۇرىدۇ، ئۇلارغا ئىچىملىكنى قانچىلىك قويىمەن دىسە شۇنچىلىك قويغىلى بولىدۇ، ئۇلار زەنجىۋىل قوشۇلغان شاراپلاردۇر، ئۇ «سالسابىل» دەپ ئاتىلىدىغان بۇلاقنىڭ سۈيىدىن ئىشلەنگەن. مەڭگۈ قېرىمايدىغان ياش يىگىتلەر ئۇلارنى كۈتىدۇ، ئۇ يىگىتلەر خۇددى چېچىلىپ تۇرغان مەرۋايىتتەك كۆرىنىدۇ. ئۇ يەرگە قارىسا خۇددى بەختكە تولغان چوڭ بىر دۆلەتكە ئوخشايدۇ. ئۇ يەردە كىشىلەر يېشىل رەڭلىك كىمخاپ تونلارنى كىيىدۇ، كۈمۈش ئۈزۈكلەرنى تاقايدۇ، ساپ ئىچىملىكلەردىن ئىچىدۇ (21-12 :76)؛ باغ ۋە تاللىقلار ئۇلارنى ئوراپ تۇرىدۇ، ئىككى كۆكسى تولغان تەڭ دىمەتلىك قىزلار ھەمرا بولىدۇ،لىق تولدۇرۇلغان قەدەھلەر بېرىلىدۇ (34- 31 :78)؛ ئۇلار كارۋاتلاردا ئولتۇرۇپ ئەتراپقا نەزەر سالىدۇ، ئېغىزى ئېپار بىلەن پېچەتلىنىپ ساقلانغان ئىسىل شاراپلاردىن ئىچىدۇ، ئۇنىڭغا «تەسنىم» بولىقىنىڭ سۈيى ئارلاشتۇرۇلغان (28-22 :83)؛ جەننەتتە ئېقىپ تۇرغان بۇلاقلار بار، ئېگىز كارۋاتلار بار، قەدەھلەر تىزىلىپ تۇرىدۇ، ياستۇقلار قاتار قويۇلغان، ئىسىل گىلەملەر سېلىنغان بولىدۇ (16-10 :88).

- قۇرئاندا تەسۋىرلەنگەن جەننەتتە، نۇرغۇنلىغان ئاپپاق، خۇما كۆزلۈك، ئىككى كۆكسى تولغان، تەڭ دىمەتلىك، ھۆرپەرى قىزلارنىڭ بارلىقى، ئۇلارنىڭ جەننەتكە كىرگەن ئەرلەرگە ھەمرا بولىدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ مەڭگۈ قىز ھالەتتە تۇرىدىغانلىقى تەسۋىرلەنگەن. بۇ خىل جەننەت تەسۋىرى ئوتتا چوقۇنىدىغان قەدىمقى زەردۇشت دىنىنىڭ جەننەت تەسۋىرى بىلەن ئوخشىشىدۇ.

- قۇرئاندا جەننەتتە خالىغانچە ھاراق (شاراپ) ئىچكىلى بولىدىغانلىقى

تەسۋىرلەنگەن، ئەمما قۇرئاندا يەنە هاراق ئىچىشنىڭ شەيتاننىڭ ئىشى ئىكەنلىكى، ئۇنى ئىچىش گۇناھ بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان:

- هاراق ئېغىر گۇناھقا تولغان نەرسىدۇر. (قۇرئان 2:219)
- هاراق ناپاك (هارام) نەرسە بولۇپ، هاراق ئىچىش شەيتاننىڭ ئىشىدۇر. (قۇرئان 5:90)

ئۇنداقتا شەيتاننىڭ نەرسىسى ۋە قىلىدىغان ئىشى جەننەتتە نىمىش قىلىدۇ؟ بۇ قۇرئاندىكى بىر ئىچكى زىددىيەتتۇر.

- كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇرئاندىكى هاۋاسى سالقىن، سۇلار ئېقىپ تۇرغان، مېۋە-چىۋىلەر بىلەن تولغان جەننەت تەسۋىرى، ئەمىلىيەتتە ئەرەپ قۇملىقىدىكى يېشىل بوستانلىقلارنىڭ بىر خىل ئىپادىسىدۇر.

- قۇرئاندىكى جەننەتتە خۇدانىڭ هەمرالىقى تىلغا ئېلىنمايدۇ.

- جەننەتكە كىرگەنلەر دوزاققا چۈشكەنلەرگە توۋلاپ مۇنداق دەيدۇ: «رەببىمىزنىڭ بىزگە بەرگەن ۋەدىسىنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلدۇق» (قۇرئان 7:44)؛ مۇسۇلمان بولغانلار مۇسۇلمان بولمىغانلارنى مەسخىرە قىلىدۇ (قۇرئان 83:34).

- دوزاقتىكىلەر جەننەتتىكىلەرگە توۋلاپ مۇنداق دەيدۇ: «سىلەردىن تىلەيمىزكى، سۇ ياكى ئاللا سىلەرگە بەرگەن يىمەكلىكلەردىن ئازراق بولسىمۇ بىزگە تاشلاپ بېرىڭلار!». جەننەتكىلەر جاۋابەن مۇنداق دەيدۇ: «ئاللا هەقىقەتەن بۇ ئىككى خىل نەرسىنى مۇسۇلمان بولمىغانلارغا بېرىشىمىزنى چەكلىگەن» (قۇرئان 7:50)؛ ئۇلارنىڭ ئوتتورىسىدا بىر توساق بولىدۇ (قۇرئان 7:46).

## دوزاق توغرىسىدا

### دوزاققا چۈشىدىغانلار:

- ئىسلام دىنىغا كىرمىگەنلەر (قۇرئان 3:56 ، 9:49،68،73 ، 16:27 ، 17:8 ، 18:100،102،106 ، 29:54 ، 35:36 ، 39:32،71 ، 67:6)
- باشقىلارنىڭ ئىسلامغا كىرىشىگە توسقۇنلۇق قىلغانلار (قۇرئان 8:36)
- ئاللانىڭ ۋەھىلىرىنى ئىنكار قىلغانلار (قۇرئان 5:86 ، 57:19)
- ئاللانىڭ ۋەھىلىرىگە قارشى تۇرغانلار (قۇرئان 22:51)
- ئەھلى كىتاپلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ ئىچىدىكى ئىسلامغا كىرمىگەنلەر (48:6 ، 98:6)

• ئاللا بىلەن بىرگە باشقا ئىلاھلارغىمۇ چوقۇنغانلار (قۇرئان 39:17 ، 26ـ 50:24 ، 21:98)

• ئۆزىنى «مەن ئاللادىن باشقا ئىلاھتۇرمەن» دىگۈچىلەر (قۇرئان 98،21:29)

• ئاللاغا چوقۇنۇشنى خالىمايدىغانلار (قۇرئان 76،40:60)

• ئىسلامغا يالغاندىن ئىشەنگەنلەر (قۇرئان 73،9:68 ، 48:6)

• ئاللانىڭ نامىدا يالغاننى توقۇغانلار، ئاللا ۋەھى قىلغان ھەقىقەتنى ئىنكار قىلغانلار (قۇرئان 29:68 ، 39:32)

• ۋاپاسىزلار، جاھىللار، ياخشىلىقنى توسقۇچىلار، ھەددىدىن ئاشقانلار، گۇمانخورلار (قۇرئان 26ـ 50:24)

• ئاللا ۋە مۇھەممەتكە قارشى تۇرغانلار (قۇرئان 9:63 ، 72:23)

• مۇسۇلمانلارغا زىيانكەشلىك قىلغان ھەم گۇناھىغا تۆۋە قىلمىغانلار (قۇرئان 85:10)

• ئاللاغا تۆھمەت قىلغان، چوڭچىلىق قىلغانلار (قۇرئان 39:60)

• گۇناھ ئۆتكۈزگەنلەر (قۇرئان 19:86 ، 20:74 ، 43:74 ، 44،55:43،44)

• قەستەن بىر مۇسۇلماننى ئۆلتۈرگەنلەر (قۇرئان 4:93)

• بىر قىسىم جىنلار (قۇرئان 32:13 ، 72:11،14،15) ؛ توپ-توپ جىن-شاياتونلار (قۇرئان 19:68)

- ئەگەر ئاللا ئوت بىلەن جىنلارنى ياسىغان بولسا (قۇرئان 15:27 ، 55:15)،ئۇنداقتا جىنلارنى دوزاقتىكى ئوتقا تاشلىسا، ئۇلار قىيىنىلىپ ئازاپلىنارمۇ؟

**دوزاقنىڭ تەسۋىرى:**

• ئاللا جىنلار ۋە ئادەملەر بىلەن دوزاقنى توشقۇزىدۇ. (قۇرئان 11:119 ، 32:13)

• ئاللا دوزاقتىن «توشتۇڭمۇ؟» دەپ سورايدۇ، دوزاق: «كىرىدىغانلار يەنە بارمۇ؟» دەيدۇ. (قۇرئان 50:30)

• ھەممە ئادەم دوزاققا بارىدۇ، ئاندىن ئاللا ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى تەقۋادارلارنى قۇتقۇزۇپ چىقىدۇ، گۇناھكارلارنى بولسا ئۇ يەردە تىزلاندۇرۇپ قويىدۇ. (قۇرئان 19:71،72)

• دوزاقتىكى ئوتنىڭ يېقىلغۇسى ئادەم بىلەن تاشتۇر، ئۇ يەرنى ۋەھشى ھەم قاتتىق قول پەرىشتىلەر باشقۇرىدۇ، ئۇلار ئاللانىڭ پەرمانىغا خىلاپلىق قىلمايدۇ، بۇيرۇلغان ئىشنى ئىجرا قىلىدۇ. (قۇرئان 66:6)

• ئاللا ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ بويىنىنى كىشەنلەيدۇ (قۇرئان 33:34)؛ ئىسلامغا ئىشەنمىگەنلەرنىڭ بوينى تۆمۈر تاقاق ۋە زەنجىر بىلەن كىشەنلىنىپ، ۋاراقشىپ قايناپ تۇرغان قايناقسۇغا سۆرەپ ئەكىرىلىدۇ، ئاندىن ئوتتا كۆيدۈرۈلىدۇ (قۇرئان 40:71،72)؛ ئۇلار كىشەنلىنىپ دوزاق ئوتى ئارىسىدىكى بىر تار جايغا تاشلانغاندا، نالە قىلىشىپ ئۆلۈمنى تىلەيدۇ (قۇرئان 25:13).

• ئاللاغا ئىشەنمىگەنلەر ئۈچۈن مەخسۇس تىكىلگەن ئوت كىيىملەر بار، ئۇلارنىڭ بېشىغا قايناقسۇ تۆكۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ تېرىسى ۋە ئىچ باغرى قايناقسۇدا ئېرىپ كېتىدۇ، تۆمۈر قامچىلار بىلەن ئۇرۇلىدۇ. ھەر قېتىم ئۇلار بۇ ئازاپلىق جايدىن سەكرەپ چىقىپ كەتمەكچى بولغاندا، تۇسۇۋېلىنىپ ئىچىگە قوغلىنىدۇ. (قۇرئان 22:19-22)

• دوزاقتىكى زەققۇم دەرىخىنىڭ مېۋىسى گۇناھكارلارنىڭ يېمەكلىكىدۇر، ئۇ گويا ئېرىگەن تۇچتەك ئۇلارنىڭ قورسىقىدا قاينايدۇ، خۇددى قايناقسۇدەك ۋاراقشىيدۇ. (قۇرئان 44:43-46)

• دوزاقتا قايناقسۇ بار. (قۇرئان 10:4 ، 44:47،48 ، 47:15 ، 55:44)

• دوزاقتىكىلەر قايناپ تۇرغان سۇلارنى ئىچكەنلىكتىن، ئۈچەي-باغرى پارچە-پارچە بولۇپ كېتىدۇ. (قۇرئان 47:15)

• دوزاقتىكى ۋەھشى پەرىشتىلەر قامچا بىلەن ئادەملەرنىڭ يۈزىگە ۋە دۈمبىسىگە قاتتىق ئۇرىدۇ. (قۇرئان 8:50)

• دوزاقتا چۈشكەنلەرگە قارماي بىلەن ياسالغان كۆڭلەك كىيدۈرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزلىرى ئوتتا قاقلىنىپ تۇرىدۇ. (قۇرئان 14:50)

• ئەگەر دوزاقتىكىلەر ئۇسساپ نالە قىلسا، ئۇلارغا ئېرىگەن تۇچقا ئوخشايدىغان بىر خىل قورقۇنۇچلۇق ئىچىملىك بېرىلىدۇ، بۇ ئىچىملىك ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى كۆيدۈرىدۇ. (قۇرئان 18:29)

• دوزاق چوڭقۇر ھاڭغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ ئىچىدە گۈرۈلدەپ كۆيۈۋاتقان ئوت بار. (101:10،11)

• دوزاقتا سالقىنداپ ئارام ئالىدىغان جاي يوق، ئۇسسىغاندا ئىچىدىغان سوغۇق سۇ يوق، پەقەت ۋاراقشىپ قايناپ تۇرغان قايناقسۇ ۋە يىرىڭ بار. (قۇرئان 78:24،25)

• دوزاقتا «زەققۇم» دەيدىغان بىر خىل دەرەخ بار، ئاللا بۇ دەرەخ ئارقىلىق دوزاققا كىرگەنلەرنى قىينايدۇ، ئۇ دەرەخ دوزاقنىڭ ئاستىدا ئۆسىدۇ، ئۇنىڭ مېۋىسى خۇددى شەيتانىنىڭ بېشىغا ئوخشايدۇ. دوزاققا كىرگەنلەر شۇ مېۋىنى قايناقسۇ بىلەن قوشۇپ يەيدۇ. (قۇرئان 67ـ73:62)

• ئاللا ئۆزىگە ئىشەنمىگەنلەرنى دوزاققا ئەكىرىپ كۆيدۈرىدۇ، ھەر قېتىم ئۇلارنىڭ تېرىسى كۆيۈپ كەتكەندە، ئۇلارغا يېڭى تېرە يەڭگۈشلەپ بېرىدۇ. (قۇرئان 4:56)

• ئۇلار دوزاقتا ئاستىغا ئوت كۆرپە سېلىپ، ئۈستىگە ئوت يوتقان ياپىدۇ. (قۇرئان 7:41)

• ئۇلار دوزاقتا يە ياشاشقا، يە ئۆلۈشكە ئامالسىزدۇر. (قۇرئان 20:74)

• كۆرىۋېلىشقا بولىدۇكى، قۇرئاندىكى دوزاق تەسۋىرى ئەرەپ قۇملىقىدىكى پىژغىرىم ئىسسىق ھاۋارايىنىڭ بىر خىل ئىپادىلىنىشىدۇر.

## مەسىھ ئېتىقاتىدىكى تەلىملەر

### قىيامەت توغرىسىدا

### قىيامەت كېلىشىنىڭ ئالدىنقى ئالامەتلىرى

دۇنياۋى ۋە ئىجتىمائى چوڭ ۋەقەلەر:

• زامان ئاخىرىدا قاتناش راۋاجلىنىپ، ئىلىم‑پەن ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىدۇ. (دانىئال 12:4)

• جاھاندا ناھەق رەزىل ئىشلار كۆپىيىپ كەتكەنلىكتىن، نۇرغۇن ئادەملەردە مېھىر‑مۇھەببەت سوۋۇپ كېتىدۇ. (مەتتا 24:12)

• ئۇرۇش خەۋەرلىرى ۋە ئۇرۇشنىڭ شەپىلىرى ئاڭلىنىدۇ، بىر مىللەت يەنە بىر مىللەت بىلەن ئۇرۇشىدۇ، بىر دۆلەت يەنە بىر دۆلەتكە ھۇجۇم قىلىدۇ. (مەتتا 24:6،7 ، لۇقا 21:9،10)

• دۇنياۋى خاراكتېرلىق ئاچارچىلىق، ۋابا كېسىلى يۈز بېرىدۇ، يەر تەۋرەشلەر كۆپىيىدۇ. (مەتتا 24:7 ، لۇقا 21:11)

• ئاسماندا قورقۇنۇچلۇق ئالامەتلەر ۋە ئاجايىپ مۆجىزىلەر يۈز بېرىدۇ، قۇياش، ئاي ۋە يۇلتۇزلار غەيرى تۈس ئالىدۇ، يەر يۈزىدىكى ئەللەر دېڭىز‑ئوكيانلارنىڭ غەزەپلىك شاۋقۇنىدىن ئالاقزادە بولىدۇ. ئاسمان تىترەيدۇ، ئىنسانلار قورققىنىدىن روھى

تىندىن چۈشۈپ كەتكەندەك بولىدۇ. (لۇقا 26، 25، 11 :21)

●ئۇ ئاپەتلەردىن كېيىن، قۇياش قاراڭغۇلىشىدۇ، ئاي يورۇمايدۇ، ئاسماندىن ئاقار يۇلتۇزلار تۆكۈلىدۇ. (مەتتا 29 :24)

مەسىھ ئېتىقاتى ۋە جامائىتىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلار:

● خۇش خەۋەر (ئىنجىل) پۈتۈن دۇنياغا تارقىلىپ بولىدۇ. (مەتتا 14 :24)

● مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى زىيانكەشلىككە ئۇچرايدىغان مۇشكۈل كۈنلەر كېلىدۇ. (مەتتا 9 :24)

● مەسىھ جامائەتچىلىكىدە نۇرغۇن ئادەم توغرا يولدىن ئازىدۇ، ھەتتا ئۆزئارا ئۆچمەنلىك قىلىپ، بىر-بىرىسگە زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىدۇ. (مەتتا 10 :24)

● ساختا پەيغەمبەرلەر كۆتىرىلىپ چىقىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇرىدۇ. (مەتتا 11 :24)

● بەزىلەر مەسىھنىڭ نامىنى سېتىپ ئۆزىنى «قۇتقۇزغۇچى مەسىھ» دەپ ئاتىۋالىدۇ، ئېتىقاتتىن تانىدۇ، مۆجىزە-كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ، نۇرغۇن خەلقلەرنى ئازدۇرىدۇ. (مەتتا 26-23 ,5 :24 ، سالونىكالىقلارII 12-1 :2 )

## بىر قىسىم مۇسۇلمان ئەللىرىگە ئائىت بىشارەتلەر

مىسىر، ئىراق، سۈرىيە، لىۋان، پەلەستىن توغرىسىدا:

● (زامان ئاخىرىدا) پەرۋەردىگار ئۆزىنى مىسىرلىقلارغا ئاشكارلايدۇ، شۇ چاغ كەلگەندە مىسىرلىقلار پەرۋەردىگارنى تونۇپ، ئۇنىڭغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئۇلار قۇربانلىق ۋە ئاشلىق ھەدىيەلىرىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىدۇ. ئۇلار پەرۋەردىگار ئالدىدا ۋەدە قىلىدۇ ۋە بۇ ۋەدىسىدە تۇرىدۇ. پەرۋەردىگار باشتا مىسىرغا زەربە بېرىپ ئاندىن شىپالىق بېرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مىسىرلىقلار پەرۋەردىگارغا يۈزلىنىدۇ. پەرۋەردىگار ئۇلارنىڭ دۇئالىرىنى ئاڭلاپ، ئۇلارغا شىپالىق بېرىدۇ. شۇ چاغدا مىسىردىن ئاسسۇرىيەگە (ھازىرقى ئىراق، سۈرىيە) بىر يول ئېچىلىدۇ، ئاسسۇرلار مىسىرنى زىيارەت قىلىدۇ، مىسىرلىقلار ئاسسۇرىيەنى زىيارەت قىلىدۇ. مىسىرلىقلار بىلەن ئاسسۇرلار پەرۋەردىگارغا بىرلىكتە ئىبادەت قىلىدۇ، شۇ چاغدا ئىسرائىلىيە، مىسىر ۋە ئاسسۇرىيە يەر يۈزىدىكى خەلقلەرنىڭ بەخت مەنبەسىگە ئايلىنىدۇ. قۇدرەتلىك پەرۋەردىگار ئۇلارغا بەخت ئاتا قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «مىسىرلىقلار مېنىڭ خەلقىم، ئاسسۇرلار مېنىڭ قولۇمدىكى ئىجادىيىتىم، ئىسرائىللار مېنىڭ مۈلكۈم، سىلەر

بەختلىك بولۇڭلار!» (يەشايا 25ـ19:21 )

● پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن راھاب (مىسىرنىڭ سىمۋولى) ۋە بابىلونىنى (ئىراق) ئەسكە ئالىمەن، ئۇلار مېنى تونۇغانلارنىڭ قاتارىدا بولىدۇ. قاراڭلار، فىلىستىيە (پەلەستىن) ، تىر (لىۋان) ۋە كۇشمۇ (ئېفىئوپىيە) شۇنىڭ ئىچىدىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى زىئوندا (يېرۇسالىمدا) تۇغۇلغان دېيىلگۈسى. (زەبۇر 87:4)

ئىران توغرىسىدا:

● پەرۋەردىگار دەيدۇكى: زامان ئاخىرىدا، مەن ئەسىرگە چۈشكەن ئېلەمنى (ئىراننى) قايتۇرۇپ ئەكىلىمەن. (يەرەمىيا 49:39)

● «ئەسىرگە چۈشكەنلەرنى... قايتۇرۇپ ئەكىلىش» بۇ سۆزلەر روھى جەھەتتىكى قۇتقۇزۇلۇشقا سىمۋول قىلىنغان بولۇپ، مۇنۇ ئايەتكە سېلىشتۇرۇپ باقساق بولىدۇ: «ئىسرائىلىنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى زىئوندىن چىققاي، ئۇ ئەسىرگە چۈشكەن خەلقىنى قايتۇرۇپ ئەكەلگەي، شۇ چاغدا ياقۇپ شادلىنار، ئىسرائىل خۇشاللىققا چۆمەر.» (زەبۇر 14:7)

سۇدان، سومالى، ئېفىئوپىيە توغرىسىدا:

● ئافرىقىنىڭ شەرقى شىمالى، مىسىرنىڭ جەنۇبىدىكى سۇدان، سومالى ۋە ئېفىئوپىيە قاتارلىق رايونلار قەدىمدە كۇش دەپ ئاتالغان. كۇش بەزىدە ئېفىئوپىيەنىلا كۆرسىتىدۇ.

● مىسىرنىڭ تۆرىلىرى كېلىپ خۇداغا تاۋاپ قىلىدۇ، كۇشلار قولىنى كۆتىرىپ دۇئا قىلىشقا ئالدىرايدۇ. (زەبۇر 68:31)

● پەرۋەردىگار مۇنداق دەيدۇ: «مەن راھاب ۋە بابىلونلۇقلارنى ئەسكە ئالىمەن، ئۇلار مېنى تونۇغانلارنىڭ قاتارىدا بولىدۇ. قاراڭلار، فىلىستىيىلىكلەر، تىرلىقلار ۋە كۇشلارمۇ شۇنىڭ ئىچىدىدۇر. ئۇلارنىڭ ھەممىسى زىئوندا (يېرۇسالىمدا) تۇغۇلغان دېيىلگۈسى. (زەبۇر 87:4)

ئىئوردانىيە توغرىسىدا:

● ئىئوردانىيە قەدىمدە مۇئاب ۋە ئاممونلارنىڭ زېمىنى بولۇپ، ھازىرمۇ ئىئوردانىيەنىڭ پايتەختى ئاممان دەپ ئاتىلىدۇ. ئۇلار لۇتنىڭ ئەۋلادلىرىدۇر.

● پەرۋەردىگار دەيدۇكى، زامان ئاخىرىدا، مەن ئەسىرگە چۈشكەن مۇئابلارنى قايتۇرۇپ ئەكىلىمەن، مۇئابلارنىڭ جازالىنىشى توغرىسىكى گەپ شۇنىڭ بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. (يەرەمىيا 48:47)

• پەرۋەردىگار دەيدۇكى، كەلگۈسىدە مەن يەنە ئەسىرگە چۈشكەن ئامموناۋلارنى قايتۇرۇپ ئەكىلىمەن. (يەرەمىيا 49:6)

سەئۇدى ئەرەبىستان توغرىسىدا:

• ھەرقايسى ئەللەر بۇ نۇرنى كۆرۈپ يېنىڭغا كېلىدۇ، پادىشاھلارمۇ سەن چاچقان نۇرغا قاراپ كېلىدۇ (يەشايا 60:3)؛ قېدارنىڭ قويلىرى قېشىڭغا توپ-توپ بولۇپ يىغىلىدۇ، نىبايوتنىڭ قوچقارلىرى قۇربانلىق قىلىشقا تاپشۇرۇلىدۇ (يەشايا 60:7).

- قېدار ۋە نىبايوتلار ئىسمائىلنىڭ ئەڭ چوڭ ئىككى ئوغلى بولۇپ، مۇسۇلمان تارىخچىلارنىڭ قارىشىچە ئۇلارنىڭ بىرى مۇھەممەتنىڭ يەنى ئەرەپلەرنىڭ ئەجدادى ئىكەن.

• دېڭىزچىلار ۋە دېڭىزدىكىلەر، ئاراللار ۋە ئۇنىڭدىكى خەلقلەر، ھەممىسى پەرۋەردىگار ئۈچۈن يېڭى ناخشا ئېيتقاي، جاھاننىڭ ئەڭ چەتلىرىگىچە ئۇنى مەدھىيىلىگەي. چۆللەر ۋە ئۇنىڭدىكى شەھەرلەر، قېدارلار ئولتۇراقلاشقان يېزا-كەنتلەرمۇ يۇقىرى ئاۋازادا ئۇنى مەدھىيىلىگەي. سېلاخىنىڭ پۇقرالىرىمۇ تاغنىڭ ئۈستىدە تەنتەنە قىلغاي. (يەشايا 42:10،11)

يەمەن توغرىسىدا:

• توپ-توپ تۆگىلەر، مىديان ۋە ئىفاخنىڭ نار تۆگىلىرى ئەتراپىڭنى قاپلايدۇ، شىبانىڭ ئادەملىرى ھەممىسى كېلىپ، ئالتۇن ۋە خۇشبوي مەستەكلەرنى تەغدىم قىلىدۇ، پەرۋەردىگارغا ئېيتىلغان مەدھىيىلەرنى يەتكۈزىدۇ. (يەشايا 60:6)

- شىبا قەدىمقى يەمەننىڭ ئاتىلىشىدۇر.

يۇقۇرقى ئايەتلەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئوتتورا شەرقتىكى نۇرغۇن مۇسۇلمانلارنىڭ ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق پەرۋەردىگار خۇداغا قايتىدىغانلىقىنى ئالدىن بىشارەت قىلغان.

## ئەيسا مەسىھنىڭ رەقىبى (دەججال) توغرىسىدىكى بىشارەتلەر

• ئىنجىلدا قىيامەت كېلىشتىن بۇرۇن ئەيسا مەسىھ رەقىبىنىڭ كۆتىرىلىپ چىقىپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇرىدىغانلىقى ئالدىن بىشارەت قىلىنغان.

• باشقىلار مەيلى قانداق ئۇسۇل قوللانسۇن، ئۇلارغا ئالدانماڭلار. چۈنكى ئۇ كۈنلەر كېلىشتىن بۇرۇن (ئەيسا مەسىھ قايتا كېلىشتىن بۇرۇن) ئېتىقاتقا ئاسىيلىق قىلىپ توغرا يولدىن چىقىپ كېتىدىغان ئىشلار يۈز بېرىدۇ، ھەمدە ئاشۇ چوڭ گۇناھكار، يەنى گۇمراھلىققا قاراپ ماڭغۇچى ئاشكارلىنىدۇ. ئۇ ئەيسا مەسىھكە قارشى تۇرۇپ،

ئۆزىنى يوقىرى كۆتىرىدۇ، بارلىق ئاتالمىش ئىلاھلار ياكى ئادەملەر چوقۇنىدىغان مەبۇدلارغا قارشى چىقىپ ئۇلاردىن ئېشىپ كېتىدۇ، ھەتتا خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدا ئولتۇرۇۋىلىپ، ئۆزىنى خۇدا (بىردىنبىر ئىلاھ) دەپ جاكارلايدۇ (سالونىكالىقلارII 2:3،4)؛ ئۇ شەيتاننىڭ كۈچى بىلەن بۇ دۇنياغا كىلىپ، كۈچ-قۇدرەت، قايمۇقتۇرۇش ۋە ساختا مۆجىزە-كارامەتلەرنى كۆرسىتىپ، ھالاكەتكە يۈزلەنگەن ئادەملەرنى ھەرخىل رەزىل ھىلە-مىكىرلەر بىلەن ئازدۇرىدۇ، چۈنكى ئۇ ئادەملەر ھەقىقەتنى سۆيۈش ئارقىلىق قۇتقۇزۇلۇشنى رەت قىلغان ئىدى (سالونىكالىقلارII 2:9، 10 ).

● ۋاقتى-سائىتى كەلگەندە ئەيسا مەسىھنىڭ رەقىبى ئۆزىنى ئاشكارلايدۇ. ئەمما ئەيسا مەسىھ يەر يۈزىگە قايتىپ كەلگەندە، بىر ئېغىز سۆز بىلەنلا ئۇنى ھالاك قىلىدۇ، پارلاق نۇرى بىلەن ئۇنى يوقىتىۋىتىدۇ (سالونىكالىقلارII 2:8)

● مەسىھ رەقىبىنىڭ ئوتتورىغا چىقىشى زامان ئاخىرى بولغانلىقىنىڭ ئالامىتىدۇر. (يۇھاننا I 2:18)

● زامان ئاخىرىدا ۋە قىيامەت كىلىشتىن بۇرۇن دۇنيادا يۈز بېرىدىغان ئىشلار ئىنجىلنىڭ ۋەھىلەر قىسمىدا تەپسىلى بايان قىلىنغان.

● زامان ئاخىرىدا پۈتكۈل ئىسرائىللار (يەھۇدىلار) ئەيسا مەسىھنى قوبۇل قىلىدۇ. (رىملىقلار 11:25-27)

● قىيامەتتە ئەيسا مەسىھ چوقۇم قايتىپ كىلىدۇ. (دانىئال 7:13،14 ، مەتتا 16:27 ، يۇھاننا 14:3،18،28 ، 21:22،23 ، ئەلچىلەر 1:11 ، 3:20 ، كورىنتلىقلارI 16:22 ، سالونىكالىقلارI 2:19 ، 3:13 ، يەھۇدا 14 ،15 ، ۋەھىلەر 22:7،12،22 )

● ئەيسا مەسىھنىڭ قايتىپ كىلىدىغان كۈنىنى خۇدادىن باشقا ھىچكىم بىلمەيدۇ. ئۇ تۇساتتىنلا كىلىدۇ. (مەتتا 24:36-39, 42, 44, 50 ، ماركوس 13:32،36 ، سالونىكالىقلارI 5:1-3 )

● ئەيسا مەسىھ قايتا كەلگەندە، ئۇچۇق-ئاشكارا ھالدا، زور كۈچ-قۇدرەت ۋە شان-شەرەپ ئىچىدە، نۇرغۇنلىغان پەرىشتىلەر بىلەن بىللە، بۇلۇتلارنىڭ ئۈستىدە كىلىدۇ. (مەتتا 16:27 ، 24:30،31 ، 25:31 ، ماركوس 13:26 ، لۇقا 21:27 ، كورىنتلىقلارI 15:52 ، سالونىكالىقلارI 4:16 ، سالونىكالىقلارII 1:7 ، يەھۇدا 14 ، ۋەھىلەر 1:7 ، 16-19:11 )

● قىيامەتتە، ئالدى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەن مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى تىرىلدۈرىلىدۇ، ئاندىن ئۇلار ھايات ئېتىقاتچىلار بىلەن بىرلىكتە ئاسمانغا كۆتىرىلىپ، ئەيسا مەسىھ

بىلەن ئۆچۈرىشىدۇ. (لۇقا 17:34،35 ، مەتتا 24:40،41 ، كورىنتلىقلار I
15:51،52 ، سالونىكالىقلار I 4:15ـ17 )

• ئۇ كۈنى پۈتكۈل ئاسمان قاتتىق گۈلدۈرلىگەن ئاۋاز بىلەن غايىپ بولىدۇ، ئاسمان
جىسىملىرى كۆيۈپ تۈگەيدۇ، زىمىن ۋە ئۇنىڭدىكى پۈتكۈل نەرسىلەرمۇ كۆيۈپ
گۇمران بولىدۇ. (پېتروس II 3:10 ، مەتتا 24:35 ، لۇقا 21:33 ، ئىبرانىلار 1:11)

• ئۆلگەنلەرنىڭ ھەممىسى تىرىلدۈرۈلىدۇ. (دانىئال 12:2 ، مەتتا 20:30ـ32 ،
يۇھاننا 6:39،40،54 ، ئەلچىلەر 24:15، كورىنتلىقلار I 15:22،23،51،52 ،
سالونىكالىقلار I 4:14ـ16 ، ۋەھىيلەر 20:4ـ6, 13 )

• مەسىھلەرنىڭ تېنى شان ـ شەرەپكە تولغان، چىرىمەس، كۈچلۈك، روھىيەت ۋە
ئەرشكە خاس بولغان، مەڭگۈلۈك تەنگە ئۆزگىرەيدۇ. (كورىنتلىقلار I 15:42ـ52 ،
كورىنتلىقلار II 5:1 ، فىلىپىلىكلەر 3:21)

• پۈتكۈل دۇنيادىكى خەلقلەر تىزلىنىپ تۇرۇپ پەرۋەردىگار خۇدانى ئېتىراپ قىلىدۇ.
(رىملىقلار 14:11)

• خۇدا دۇنيانىڭ ئۈستىدىن قىلىدىغان ئاخىرقى سوراقنى ئەيسا مەسىھكە تاپشۇرىدۇ
(يۇھاننا 5:22،27 ، ئەلچىلەر 17:31)؛ ئۇ تەختتە ئولتۇرۇپ پۈتۈن دۇنيادىكى
خەلقلەرنى سوراق قىلىدۇ (زەبۇر 9:7،8 ، ھىكمەتلەر 12:14 ، مەتتا 12:36،37 ،
25:31ـ33 ، ئەلچىلەر 10:42 ، رىملىقلار 2:2,3, 12ـ16 ، ئىبرانىلار 9:27 ،
پېتروس I 4:5 ، ۋەھىيلەر 20:11ـ13 ، 22:12 )

• ھەرقايسى ئەل، ھەرقايسى مىللەتلەردىن قۇتقۇزۇلىدىغانلار چىقىدۇ. (مەتتا 8:11
، ۋەھىيلەر 5:9،10 ، 7:9،10 )

• مەسىھىيلەر قىلغان ئىشلىرىغا لايىق ئىلتىپاتلارغا ئېرىشىدۇ. (مەتتا 25:34ـ40 ،
رىملىقلار 14:10،12 ، كورىنتلىقلار I 3:12ـ15 ، 4:5 ، كورىنتلىقلار II 5:10 ،
ئەفەسلىكلەر 6:8 ، پېتروس I 4:17 ، ۋەھىيلەر 11:18)

•ئەيسا مەسىھنى ۋە خۇدانىڭ خۇش خەۋىرىنى (ئىنجىلنى) قوبۇل قىلمىغانلار
قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلمەيدۇ. (مەتتا 11:20ـ24 ، 25:41ـ46 ، يۇھاننا 12:48 ،
سالونىكالىقلار II 1:8 )

• ئۆز ئورنىنى ساقلىماي ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان پەرىشتىلەرمۇ سوراققا تارتىلىدۇ.
(يەھۇدا 1:6)

**دوزاق توغرىسىدا**

• شەيتان ، مەسىھ رەقىبى ۋە ساختا پەيغەمبەرلەر دوزاقنىڭ ئوتىغا تاشلىنىدۇ. (مەتتا 25:41 ، ۋەھىلەر 19:20 ، 20:10)

• ئۆلۈم ۋە ئۆلۈكلەر دىيارى دوزاق ئوتىغا تاشلىنىدۇ. (ۋەھىلەر 20:14)

• ئېتىقات قىلمىغانلار دوزاقنىڭ ئوتىغا تاشلىنىپ، مەڭگۈ ھالاك بولىدۇ. (مەتتا 13:41،42 ، 25:41،46 ، سالونىكالىقلارII 1:9 ، ۋەھىلەر 11ـ14:9 ، 20:15 ، 21:8)

• دوزاقنىڭ ئوتى ئۆچمەيدۇ، قۇرۇتلىرى ئۆلمەيدۇ. (ماركوس 49ـ9:47)

• دوزاققا چۈشكەنلەر ھەسرەتتە يىغلاپ، چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىدۇ. (مەتتا 8:12 ، 13:42،50 ، 22:13 ، 24:51 ، 25:30 )

• جەننەت بىلەن دوزاقنىڭ ئارىسىدا چوڭقۇر ھاڭ بار، شۇڭا ئۇ يەردىكىلەر ئۆزئارا ئۆتۈشەلمەيدۇ. (لۇقا 26ـ16:19)

**جەننەت توغرىسىدا**

• ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ: مەن يەر يۈزىدىكى ئىشلارنى سۆزلىسەم سىلەر ئىشەنمىگەن يەردە، ئەرشتىكى ئىشلارنى ئېيتىپ بەرسەم قانداقمۇ قوبۇل قىلالايسىلەر؟ (يۇھاننا 3:12)

• ئەرشتىن چۈشكەن ھەم يەنىلا ئەرشتە تۇرۇۋاتقان ئەيسا مەسىھتىن باشقا، ھېچكىم ئەرشكە چىقىپ باققان ئەمەس. (يۇھاننا 3:13)

• ئەيسا مەسىھ زىيانكەشلىككە ئۇچراشتىن بۇرۇن شاگىرتلىرىغا مۇنداق دەيدۇ: كۆڭلۈڭلار پاراكەندە بولمىسۇن، خۇداغا ئىشىنىڭلار ھەم ماڭىمۇ ئىشىنىڭلار! ئاتام خۇدانىڭ دەرگاھىدا نۇرغۇن ماكان بار، ئەگەر بولمىغان بولسا سىلەرگە ئېيتماستىم، مىنىڭ بېرىشىم سىلەرگە ئورۇن ھازىرلاش ئۈچۈندۇر. سىلەرگە ئورۇن تەييارلىغاندىن كېيىن، چوقۇم قايتىپ كىلىپ سىلەرنى ئەكىتىمەن. مەن قەيەردە بولسام، سىلەرمۇ شۇ يەردە بولىسىلەر. (يۇھاننا 3ـ14:1)

• ئەيسا مەسىھ مۇنداق دەيدۇ: مەن يول، ھەقىقەت ۋە ھاياتلىقتۇرمەن. مىنىڭسىز ھېچكىم ئاتام خۇدانىڭ يېنىغا بارالمايدۇ. (يۇھاننا 14:6)

• ھەزرىتى ئەيسا كىرستكە مىخلانغان چاغدا، كىرستكە مىخلانغا يەنە بىر ئادەم ئۇنىڭغا: «ئى ئەيسا، پادىشالىقىڭ بىلەن كەلگىنىڭدە مىنى ئۇنتۇمىغايسەن»ـ دەيدۇ. ھەزرىتى ئەيسا ئۇ ئادەمگە مۇنداق دەيدۇ: «بىلىپ قويغىنىكى، بۈگۈن سەن مەن بىلەن بىللە جەننەتتە بولىسەن!» (لۇقا 23:43)

● ئەيسا مەسىھ ئۆلتۈرۈلۈپ ئۈچىنچى كۈنى تىرىلدۇ، ھەمدە شاگىرتلىرى ۋە باشقا نۇرغۇن ئېتىقاتچىلارغا كۆرۈندۇ، 40-كۈنى يېرۇسالىمدىكى زەيتۇنتاغدا ئاسمانغا كۆتىرىلدۇ. (ئىنجىل- مەتتا، ماركوس، لۇقا، يۇھاننا)

● ئەيسا مەسىھ ئاسمانغا كۆتىرىلىپ جەننەتكە كىردۇ. (ئىبرانىلار 9:24 ، پېتروسI 3:22)

● ئەلچى پاۋلۇس ھايات ۋاقتىدا، خۇدا ئۇنى ئەرشكە كۆتىرىپ جەننەتكە ئەكىردۇ، ئۇ ئۇ يەردە تىل بىلەن ئىپادىلىگىلى بولمايدىغان، ئىنسانلارغا ئېيتىش مەنئى قىلىنغان ئاجايىپ ئىشلارنى ئاڭلايدۇ ۋە كۆردۇ. (كورىنتلىقلارII 12:4)

● ئەلچى يۇھاننا ھايات ۋاقتىدا، ئەيسا مەسىھ ئۇنى ئەرشكە كۆتىرىپ ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرستىدۇ ۋە قىيامەتتە بولىدىغان ئىشلارنى ئالدىن بىشارەت قىلىدۇ. ئەيسا مەسىھ ئۇنىڭغا مۇنداق دەيدۇ: «مۇقەددەس روھ جامائەتچىلىككە دىگەن سۆزلەرنى قولىقى بارلارنىڭ ھەممىسى ئاڭلىسۇن، غەلىبە قىلغۇچىلارغا مەن چوقۇم خۇدانىڭ جەننىتىدىكى ھاياتلىق دەرىخىنىڭ مىۋىسىنى ئاتا قىلىمەن.» (ۋەھىلەر 2:7)

● تۇپان بالاسىدىن بۇرۇنقى زامانلاردا، ئادەم ئاتىنىڭ 7-ئەۋلادى بولغان ئىنوھنى، خۇدا ئۇ تېخى ھايات ۋاقتىدىلا ئەرشكە (جەننەتكە) ئەپچىقىپ كەتكەنىدى. (ئالەمنىڭ يارىتىلىشى 5:24 ، ئىبرانىلار 11:5)

● ئەيسا مەسىھتىن 800 يىل بۇرۇن ياشىغان ئىلياس پەيغەمبەرمۇ ھايات ۋاقتىدىلا ئەرشكە (جەننەتكە) ئەپچىقىپ كىتىلگەن. (پادىشاھلارII 2:11)

● كەمبەغەل لازار ئۆلگەندىن كىيىن پەرىشتىلەر ئۇنىڭ روھىنى جەننەتكە ئېلىپ چىقىپ، ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ قېشىغا ئەكىلىدۇ. (لۇقا 16:22)

● ئادەملەر قايتا تىرىلگەندىن كىيىن خوتۇن ئالمايدۇ، ئەرگە تەگمەيدۇ، بەلكى ئاسماندىكى پەرىشتىلەردەك بولىدۇ. (مەتتا 22:30، ماركوس 12:25، لۇقا 20:35،36)

● جەننەتكە كىرگەنلەرگە نۇر چاقناپ تۇرغان ئاپپاق كىيىملەر كېيدۈرىلىدۇ. (ۋەھىلەر 3:5 ، 7:9)

● شان-شەرەپ تاجى كېيدۈرىلىدۇ. (ۋەھىلەر 2:10 ، 3:11 ، 4:4)

● ئەيسا مەسىھ بىلەن بىللە تەختلەردە ئولتۇرىدۇ.(ۋەھىلەر 3:21)

● ئاچارچىلىق ۋە ئۇسسۇزلۇق بولمايدۇ، پىژغىرىم ئىسسىق ئۇلارغا زىيان سالالمايدۇ. تەختتىكى قوزا (ئەيسا مەسىھ) ئۇلارنى ھاياتلىق سۈيىنىڭ بۇلىقىغا باشلاپ بارىدۇ.

خۇدا ئۇلارنىڭ (يەر يۈزىدىكى چاغدا ئاققۇزغان ئازاپ-ئوقۇبەتلىك) كۆز ياشلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۈرتىۋېتىدۇ. (ۋەھىلەر 7:17)

● مەڭگۈلۈك ھاياتلىققا ئېرىشىدۇ. (مەتتا 19:29 ، 25:44 ، يۇھاننا 3:15،16 ، 3:36 ، 5:24 ، 6:40 ، 6:47 ، 17:3)

## يېڭى ئاسمان-زېمىن

● قىيامەتتە، خۇدا ھازىرقى ئاسمان-زېمىننى يوقۇتۇپ، ئورنىغا يېڭى ئاسمان-زېمىن بەرپا قىلىدۇ. (يەشايا 65:17 ، 66:22 ، ئىبرانىلار 1:12 ، 11:10،16 ، پېتروسII 3:13 )

● مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى يېڭى ئاسمان-زېمىنغا كىرىدۇ. خۇدا ئۇلار بىلەن مەڭگۈ بىللە بولىدۇ. قايتا ئاچارچىلىق، ئۆلۈم-مۇسىبەت، ئازاپ-ئوقۇبەت، يىغا-زارە، ئاغرىق-سىلاق، قارغىش-ئاھانەت ۋە قاراڭغۇ زۇلمەت بولمايدۇ. خۇدا بىلەن ئۇلار ئوتتورىسىدىكى مۇناسىۋەت خۇددى ئاتا بىلەن بالىدەك مېھىر-مۇھەببەتلىك بولىدۇ. چۈنكى بۇرۇنقى دەۋردىكى ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۆتۈپ كەتكەن بولۇپ، خۇدا ئەمدى ھەممىنى يېڭىلايدۇ. (ۋەھىلەر 21:1-7)

● مۇنداق ئادەملەر يېڭى ئاسمان-زېمىنغا كىرەلمەيدۇ: قورقۇنچاقلار، ئېتىقاتسىزلار، چىرىك ئادەملەر، قاتىللار، زىناخورلار، سېھىر-جادۇ قىلىدىغانلار، بۇتقا چوقۇنىدىغانلار ۋە ساختىپەز-يالغانچىلار. بۇنداق ئادەملەرنىڭ روھى دوزاقنىڭ لاۋۇلداپ يېنىپ تۇرغان ئوتىغا تاشلىنىپ، مەڭگۈ ھالاك بولىدۇ. مانا بۇ ئىككىنچى قېتىملىق ھەقىقى ئۆلۈمدۇر. (ۋەھىلەر 21:8)

## مەسىھىيلەرنىڭ قىيامەتكە تۇتقان پوزىتسىيىسى

قىيامەت كۈنى ئەيسا مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىپ، پۈتكۈل ئىنسانىيەتنى سوراق قىلىدىغان، ھەق-ناھەقنى ئايرىيدىغان، شەيتان ۋە ساختا پەيغەمبەرلەرنى جازالايدىغان ۋاقىتىدۇر. ھامان بىر كۈنى ئۇ خۇددى ئاسماندا چاقماق چاققاندەك تۇساتتىنلا قايتىپ كېلىدۇ، بىراق ئۇنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى بىر خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدۇ. شۇڭا مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى ئەيسا مەسىھنىڭ قايتىپ كېلىشىنى كۈتىۋېلىش ئۈچۈن مۇنداق قىلىشى كېرەك:

● ھوشيار، سەگەك بولۇپ، ھەرۋاقىت تەييارلىق ھالەتتە تۇرۇش كېرەك. (مەتتا 24:42 ، 25:13 ، ماركوس 13:35،37 ، لۇقا 21:8 ، پېتروسI 4:7)

● ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگە ئىنتىزار بولۇش، سۆيۈش، ئۈمىدلىك بولۇش كېرەك. (لۇقا 11:2 ، تىموتىII 4:8 ، پېتروسI 1:13 ، پېتروسII 3:13)

● سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈش كېرەك. (فىلىپىلىكلەر 3:20 ، سالونىكا I 1:10 ، تىتوس 2:13 ، ئىبرانىلار 9:28 ، ياقۇپ 5:7،8)

● ئۇنىڭغا بولغان ساداقەتمەنلىكنى ساقلاش كېرەك. (مەتتا 24:45_47)

## قىيامەت كېلىشىنىڭ ۋاقىت تەرتىپى

| | | |
|---|---|---|
| مىلادىيە 1_ئەسىرنىڭ باشلىرى | ئەيسا مەسىھ تىرىلىپ ئاسمانغا كۆتىرىلدى | زامان ئاخىر باشلاندى |
| بىزنىڭ هازىرقى دەۋرىمىز | قىيامەت يېتىپ كېلىشىنىڭ ئالامەتلىرى بارغانسىرى كۆپەيمەكتە | تەبىئى ئاپەت، ئەخلاقسىزلىق، يوقۇملۇق كېسەل... |
| كەلگۈسىدە يۈز بېرىدىغان ئىشلار | ● مەسىھ رەقىبىنىڭ كۆتىرىلىپ چىقىشى<br>● چوڭ بالايى_ئاپەت<br>● ئىسرائىللارنىڭ قۇتقۇزىلىشى<br>● مەسىھيلەرنىڭ ئاسمانغا كۆتىرىلىشى | بۇ ئىشلارنىڭ قاچان يۈز بېرىدىغانلىقىنى هېچكىم بىلمەيدۇ |
| قۇتلۇق مىڭ يىل | دۇنيانى ئېزىقتۇرۇۋاتقان شەيتان تۇتۇلۇپ تېگى يوق هاڭغا تاشلىنىدۇ. | بىر قىسىم مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى تىرىلىپ ئەيسا مەسىھ بىلەن بىللە دۇنيانى مىڭ يىل ئىدارە قىلىدۇ. |
| ئاخىرقى ئۇرۇش | شەيتان تېگى يوق هاڭدىن چىقىپ ئىنسانلارنى ئاخىرقى قېتىم ئازدۇرىدۇ. مەسىھ ئېتىقاتچىلىرىغا قارشى چوڭ ئۇرۇش قوزغايدۇ. | ئاسماندىن ئوت چۈشۈپ شەيتاننىڭ قوشۇنى هالاك قىلىنىدۇ. |
| قىيامەت | ئەيسا مەسىھ قايتىپ كېلىپ پۈتكۈل دۇنيانى سوراق قىلىدۇ. | ئۆلۈكلەر تىرىلىدۇ بۇرۇنقى ئاسمان_زېمىن يوقايدۇ. |

| | | |
|---|---|---|
| يېڭى ئاسمان-زېمىن | مەسىھ ئېتىقاتچىلىرى يېڭى ئالەمگە كىرىدۇ. | شەيتان ۋە ئۇنىڭغا ئەگەشكەنلەر دوزاققا تاشلىنىدۇ. |